# 118682 ـ ئاللاھنىڭ شەرئىيتىگە قارشى چىقىش ياكى نارازىلىق بىلدۈرۈشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سوئال**

سوئال بەزى كىشىلەر شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا مۇھتاج، بەزى شەرئى قانۇنلار بۇ ئەسىرگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ، مىراس قانۇنىدا ئەر-ئايال باراۋەر ئەمەس دېگەندەك سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىۋاتىدۇ، بۇنداق دېگۈچىلەرگە ئىسلام دىنى نېمە دەيدۇ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارچە ھەمدۇ-سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

شۇنى بىلىش لازىمكى، ئىماننىڭ ئاساسى ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى تۇتۇش ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي)ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر نىسا سۈرىسى 59-ئايەت.

يەنە بىر ئايەتتە: مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمۈڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ نىسا سۈرىسى 65- ئايەت.

يەنە بىر ئايەتتە: ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟! (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار؟! سۈرە مائىدە 50-ئايەت. يەنە بىر ئايەتتە: ئاللاھ ئەڭ ياخشى ھاكىم ئەمەسمۇ تىن سۈرىسى 8-ئايەت. يەنە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بارچە ھۆكۈملەر يەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى يەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ يۇسۇف سۈرىسى 40- ئايەت.

يۇقىرىقى ئايەتلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ دېيىمىزكى، ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى رەت قىلغانلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا رازى بولمىغۇچىلار ياكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىن ياخشىراق قانۇنلار بار دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولىدۇ ۋە ئۇ ئىسلام ئۈممىتىدىن ئەمەس.

بۇ ھەقتە ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ ئۆزى قۇرئان كەرىمدە بەلگىلىگەن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن بايان قىلغان تالاق، نىكاھ، مىراس، بەش ۋاخ ناماز، زاكات، روزا ۋە باشقا پۈتۈن شەرىئەت ئەھكاملىرى ئەڭ توغرا ئەھكاملار بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەل قىلىشى

پەرز. ھېچكىمنىڭ قارشى چىقىش ياكى رەت قىلىش ھەققى يوق. بۇ ئىشلاردا نارازىلىق بىلدۈرگەنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا قارشى چىققان بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەرىئەت ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئارقىلىق زېمىندا ئىجرا قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان ئىلاھى قانۇندۇر، بۇ قانۇن تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر. مىراس قانۇنىدا ئەر ــ ئايال باراۋەر ئەمەس دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مىراس مەسىلىسىنى تەپسىلى چۈشەندۈرىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلغاندۇر. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلارغا نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك، قايسى قانۇن پرىنسىپ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشكە ئېھتىياجى يوقتۇر.كىمىكى بۇنىڭغا ئوخشاش سەپسەتىلەرنى بازار تاپقۇزۇشقا تىرىشىدىكەن، ئۇ شەكسىز كاپىردۇر. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالادىن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى بۇنىڭغا ئوخشاش پىتنىلەردىن ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلەيمەن.

ئىبنى بازنىڭ پەتۋالار توپلىمى 4–توم 415–بەت